جەۋھەرلەر گۈلىستانى

# ميۋىلەر مۇنازىرىسى

(ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئەسەرلىرى)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# مېۋىلەر مۇنازىرىسى

(ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئەسەرلىرى)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

水果的争论：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-783-2

I. 水… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024493 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　水果的争论
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　艾则孜·阿塔伍拉·萨尔特肯
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-783-2
定　　价　9.00 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: مېۋىلەر مۇنازىرىسى
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-783-2
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دېگەن كىتابتا 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن ساتىرىك شائىر ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ھاياتى ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى، شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلەر تونۇشتۇرۇلدى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# ئەھمەدشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى

## مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

سالامنامە («ئات ھەققىدە قىسسە» مۇ دېيىلىدۇ) ناملىق يېگانە ساتىرىك مۇخەممىسى بىلەن 21 - ئەسىردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە بىر كىشىلىك ھۆرمەت تۆرىگە مۇشەررەپ بولۇپ، يادلىنىپ كېلىۋاتقان ئاتاقلىق شائىر، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ساتىرا ژانىرىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، يېتۈك سۆز ئۇستىسى، ھۆرمەتلىك ئەدىب ئەھمەدشاھ قاراقاشى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى قاراقاش بازىرىغا قاراشلىق قاياش كەنتىنىڭ ھالايلى مەھەللىسىدە زامانىسىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر مۇدەررىس ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

شائىرنىڭ ئاتىسى ھەر كۈنى تالىپلارغا

ئۆگىنىدىغان دىنىي بىلىملەر بىلەن بىرگە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىنمۇ ساۋاق بېرەتتى. بۇ جەرياندا تالىپلار ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەدرىسىدە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلىدىغان سوپى ئاللايار، مۇبەييان، خوجا ھاپىز، بوستان ۋە گۇلىستان قاتارلىق شەرق كلاسسىك ئەسەرلىرىنى بەزىدە مۇڭلۇق، بەزىدە قىزىقارلىق ئاھاڭلارغا سېلىپ ئوقۇشاتتى. شائىر بالىلىق چاغلىرىنى ئائىلىسىدىكى ئەنە شۇنداق قايناق ئىلىم مۇھىتىدا ئۆتكۈزۈش جەريانىدا باشلانغۇچ ئىلىم تەھسىلىنى تاماملىغان ھەمدە شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئەدەبىياتقا كۆپرەك ئىخلاس قىلىشقا باشلىغان. 18 ياشلارغا كىرگەندە ئاتىسىنىڭ ئارزۇلاپ ئەۋەتىشى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، مەشھۇر «خانلىق مەدرىسە» گە ئوقۇشقا كىرگەن. ئەينى دەۋردە داڭلىق مەرىپەت ئوچاقلىرىدىن سانىلىدىغان قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» دىكى قويۇق ئىلىم - مەرىپەت مۇھىتى شائىرنىڭ ئىلىم - پەنگە، جۈملىدىن ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك ھەۋەس - ئارزۇسىغا قانات بېغىشلاپ، ئۇنى ئىلىم -

مەرپەتنىڭ كەڭرى ئالىمىگە، تەپەككۇرنىڭ يېتۈك پاساھەت ۋە بالاغەت مەيدانىغا باشلاپ كىرگەن. زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى توپلانغان بۇ ئالىي ئوقۇش يۇرتىدا تۈرك، ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بويىچە ھەر خىل ئىلىملەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولغۇسى شائىر مەدرىسىدىكى ئەۋزەل شارائىتلاردىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى ئەدەبىي پائالىيىتىگە مۇستەھكەم ئاساس سالىدۇ ھەم شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىتىدە بار بولغان زېرەك، سۆزمەنلىكى بىرلەشكەن شېئىرىي تالانتى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ھازىر جاۋاب شائىر، يېگىلمەس ھەزىل - چاقچاقچى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. «خانلىق مەدرىسە» دىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قاراقاشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاراقاش بازىرى ئىچىدىكى گۈزەر مەسچىتكە ئىماملىققا تەيىنلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جامائەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشتىن باشقا ۋاقىتلىرىدا تېبابەتچىلىك قىلغاچ، شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن

مەشغۇل بولىدۇ ۋە بۇ ئۆمۈر يىللىرىدا كۆپلىگەن شېئىرىي، ساتىرىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، 19 - ئەسىرنىڭ تەخمىنەن 70 - يىللىرىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شائىر ئالەمدىن ئۆتكەندە قاياش كەنت تەۋەسىدىكى توققۇز گۈمبەز مازىرىغا دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم.

شائىر ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى ھەجۋىيات (ساتىرا) ئىجادىيىتى بولۇپ، ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان «سالامنامە»، «مېۋىلەر جېدىلى»، «پۇل»، «شاھ پولۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى قويۇق ھەجۋىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان. جۈملىدىن، تىلىنىڭ ساپ ۋە ساددىلىقى، ھەجۋىي تۈسىنىڭ قويۇق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن دوست - بۇرادەرلەرنى بىر - بىرىگە خىيانەت قىلماسلىققا ئۈندەيدىغان جانلىق ئىبرەتنامە سۈپىتىدە بىر يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان قولدىن - قولغا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇپ، شائىرنىڭ نامىنى بارغانچە مەشھۇر قىلىپ كەلگەن داڭلىق مۇخەممەس، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى

ھەجۋىيات، ساتىرا ژانىرىنىڭ يېگانە ئۈلگىسى «سالامنامە» شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گەۋدىلىك نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىلىشىچە، «سالامنامە» نىڭ يېزىلىشىنىڭ تۈۋەندىكىدەك قىزىقارلىق ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىكەن.

ئەھمەدشاھ قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇش جەريانىدا ئاقسۇلۇق نەزەر ئاخۇن ئىسىملىك بىر تالىپ بىلەن ھۇجرىداش ۋە ھەمساۋاق بولۇپ، ئوقۇش تاماملىغۇچە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتۇشۇپتۇ. ئوقۇش تاماملاپ يۇرتلىرىغا قايتىشقاندىن كېيىن نەزەر ئاخۇن ئاقسۇغا مۇپتى، ئەھمەدشاھ قاراقاشقا ئىمام بولۇپ تەيىنلىنىپتۇ. جامائەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا ئاتقا ھاجىتى چۈشكەن ئەھمەدشاھ ئاخۇن ئاقسۇ ئاتلىرىنىڭ داڭقىدىن خەۋرى بولغىنى ئۈچۈن بۇرادىرى نەزەر مۇپتىغا ئاقسۇنىڭ ياراملىق ئېتىدىن بىرنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ 60 تەڭگە پۇل ئەۋەتىپتۇ. ئاردىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەھمەدشاھ ئاخۇن كارۋانلار ئارقىلىق ئاجايىپ بىر ئاتنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. بىر قاراشتىلا

كۆرۈمسىزلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسال،
يارامسىزلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئاتنى تاپشۇرۇپ
ئالغان ئەھمەدشاھ ئاخۇن بىرنەچچە كۈندىلا بۇ
ئاتنىڭ ئۈستى - ئۈستىگە كەلتۈرگەن پالاكەتلىرى
تۈپەيلى يۇرت ئىچىدە ئىزا - ئاھانەتكە قېلىپ،
بېشىنى كۆتۈرەلمىگەچكە، ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە
«سالامنامە» دېگەن بۇ مەشھۇر مۇخەممەسنى يېزىپ،
ئۆزىنىڭ بىر تالىپى ئارقىلىق نەزەر مۇپتىغا ئەۋەتىپ
بېرىپتۇ... تالىپ بۇ نامىنى ئېلىپ بارغاندا نەزەر
مۇپتى ئۆز بېغىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە چاي
بېرىۋاتقان بولۇپ، كونا ھەمساۋاق بۇرادىرى ئەۋەتكەن
بۇ مەكتۇپنىڭ چوقۇم ئۆزىگە خۇشاللىق ۋە شۆھرەت
ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ تالىپقا مېھمانلار
ئالدىدا مەكتۇپنى ئوقۇشقا بۇيرۇپتۇ. تالىپ
مەكتۇپنى ئوقۇپ خېلى بىر يەرلىرىگە بارغاندا نەزەر
مۇپتى ئەمدى ئوقۇماسلىقنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما سورۇن
ئەھلى كۈچلۈك تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا تالىپ
مەكتۇپنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
نەزەر مۇپتى نەچچە كۈنگىچە غىزامۇ يېمەي، قاتتىق
ئازاب ئىچىدە يېتىپ قالغانىكەن...



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئەھمەدشاھ قاراقاشنىڭ بۇ شېئىرى يۇقىرىقىدەك ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئەمەس، مۇھىمى شېئىردىكى ئادەتتە كەم ئۇچرايدىغان سۆز ئىشلىتىش سەنئىتى، شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىغا سىڭىپ كەتكەن كۈچلۈك ھەجۋىي خۇسۇسىيەت، شۇنداقلا دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ياردىمىدە تېپىكلەشتۈرۈلگەن، ساتىرىك ئالامەتلەرگە تويۇنغان شېئىرىي ئوبرازلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، تا ھازىرغىچە مەشرەپ ـ ئولتۇرۇشلاردا ئاھاڭلىق ئېيتىلىپ ئالاھىدە قىزىقىش قوزغاپ كەلمەكتە.

ئەھمەدشاھ قاراقاشى گەرچە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگىنى يۇقىرىدا نامى ئاتالغان تۆت پارچە ھەجۋىي ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىز تەرىپىنى قىلىۋاتقان «سالامنامە» بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، كىشىلەر قانماي ئاڭلايدىغان فولكلور نەمۇنىسىغا ئوخشاش قەدىرلىنىشتەك ئالاھىدە شېئىرىيەت ھادىسىسىنى

مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكى بىلەن ھېلىھەم يۇقىرى بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، بىر ئۆمۈر شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلقنىڭ ئېغىزىغا چىققۇدەك بىرەر پارچە ھەقىقىي شېئىر ئىجاد قىلالماي، يەنە ئۆزىنى شائىر ھېسابلاپ بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋاتقانلار ئۈچۈن جانلىق ئەينەك، ئۈچۈق ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ.

شائىرنىڭ «مېۋىلەر جېدىلى»، «پۇل»، «شاھ پولۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ساددا ۋە چۈچۈك خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىنسان تەبىئىتىگە يات بولغان ئىنتىپاقسىزلىق، مەنمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك، تەييارتاپلىقتەك ناچار ئىللەتلەر كۈچلۈك ھەجۋىي تىل قامچىسى بىلەن قامچىلانغان.

# ئەھمەدشاھ قاراقاشى ۋە ھەجۋىيات

مۇھەممەد توختى ئەھمەد

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا كۆپ قاتلاملىقتا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شېئىرىيەتنى مۇھىم ۋە ئاساسىي گەۋدە قىلىش بىلەن خاراكتېرلەندى. نۇرغۇن تەزكىرە، داستان —— «خەمسە» لەرنى ھاسىل قىلدى. ئىپتىدائىي قوشاق شەكلى بىلەن باشلانغان ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن دەۋرلىك تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپلىگەن مىللىي شېئىرىيەت شەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش بىلەنلا قالماي، يەنە نۇرغۇن تۈر - ژانىر ۋە يىرىك ئەسەرلەرنى روياپقا كەلتۈردى. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئومۇمىي ھادىسە ئىدى. ھالبۇكى، يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدە كلاسسىكلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تۇيغۇ قاراشلىرىنى

زامان ئېتىبارى بىلەن كۆپ ھالللاردا ئاشىقلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى ئىچىگە يوشۇرۇش ياكى يار ۋىسالىغا تەلپۈنۈش خاھىشى تەرىزدە ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا چەكلىنىشتىن خالىي ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبلىك بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ياكى ئاساسىي خاھىشچانلىقىنى ئاددىي چۈشەنچە بىلەن پەرەز قىلىشلار يۈز بېرىلىشتىن مۇستەسنا بولالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد - چوقۇنۇشى ياكى ئۆز ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ ھەر خىل چۈشىنەتتى. رومانتىزم ۋە رېئالىزملىق ئىجادىيەت تۇسىدىكى ئەدەبىيات تارىخىنىڭ راۋاجلىنىشى كېيىنكى دەۋردە تەنقىدىي رېئالىزم بىخلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى نەتىجىسىدە، شېئىرىيەتتىكى ئەنئەنىۋىلىككە يېڭىچە ئامىللار قوشۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ھال جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى مەجازى ۋاسىتە بىلەن ئەمەس، بەلكى دەل شۇ ھادىسىنىڭ نېگىزىنى تۇتۇپ دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئىجادىيەت مېتودىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدە ئىپادىلەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كلاسسىك شېئىرىيەتتە نوقۇل مۇھەببەت تېمىسىغا كۆرە ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى تېمىلار ئاساسىي

سالماقنى ئىگىلەپ، شېئىرلار ئىلگىرىكىدەك ۋاستە
تاللاپ ئولتۇرماي ئۆز قاراشلىرىنى توغرىدىن - توغرا
ئىپادىلەشكە كىرىشتى. بۇ هال ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە
هەجۋىياتنىڭمۇ مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە
شەكىللىنىشىگە زېمىن هازىرلىدى. گەرچە ئۇيغۇر
كلاسسىك شېئىرىيىتىدە هەجۋىيات ئامىلى خېلى
زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ، بەلگىلىك دەرىجىدە
ئىپادە تېپىۋاتقان بىر خىل ئەدەبىيات هادىسىسىنىڭ
مۇناسىپ تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
ئەزەلدىن بىرەر ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى
تەشكىل قىلماي، بەلكى ئايرىم بۆلەك، بىر نەچچە
كۇپلېت ياكى بىر نەچچە مىسرا بىلەنلا چەكلىنىپ
كەلگەنىدى، خالاس. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر،
جۈملىدىن ئەھمەدشاھ قاراقاشى ياشاپ پائالىيەت
ئېلىپ بارغان دەۋرلەردە بولسا هەجۋىيات ئامىلى
ئەسەرنىڭ مەلۇم بۆلىكى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن
گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىشقا قەدەر تەرەققىي قىلدى.
مانا بۇ هەجۋىيات ژانىرىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە
شەكىللىنىپ مۇكەممەللەشكەنلىكى بولۇپ
هېسابلىنىدۇ. لېكىن بىز بۇنداق مۇكەممەللىكنى
ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ئىجادىي تۆھپىسىدىن

ئايرىپ قارىيالمايمىز. چۈنكى، ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ھەجۋىيات ئاملى بىرەر ئەسەرنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە قىسمەن ئىپادىلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشتەك ئەنئەنىۋى ھادىسىنى ئىجادىي رەۋىشتە ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدا روشەن ۋە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ ھەجۋىياتنى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. دېمەك، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھەجۋىيات ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بىر پۈتۈن شېئىرىي ژانىر تۈرىگە كىردى دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

ئەھمەدشاھ قاراقاشى تەخمىنەن 1740 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاپاقلا يېزىسى ھويلا ئالدى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر مۆتىۋەر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى مۇبارەكشاھ ئۇلۇغ قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى. ئەھمەدشاھ ئۆسمۈر چاغلىرىدا دەسلەپكى ئىلمىي مەلۇماتنى ئەنە شۇ مەدرىسىدە — دادىسىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىدە ئالغاندىن كېيىن، 17 ياشلارغا كىرگەندىن باشلاپ قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلانغان «خانلىق مەدرىسە» دە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ چاغلاردا بۇ



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com